جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى مۇجەسسەملەش تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تېزدىن لېكسىيە ئۆمىكى قۇرۇپ، لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ، 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لەردىكى ئورگان، مەھەللە، يېزا، كارخانا، مەكتەپلەردە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

سانجى ئوبلاستلىق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ فۇكاڭ شەھىرى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى، قۇتۇبى ناھىيەسىگە بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرى ما خۇ مۇنداق دېدى: «مەن باشتىن ـ ئاخىر كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەتنى ساقلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن».

قۇتۇبى ناھىيەلىك داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى بېجىرىش مۇلازىمىتى مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋېي شياۋجۈەن مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى لېكسىيە مېنى كۆپ نەپكە ئېرىشتۈردى، مەن ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش، خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، داۋالىنىش كاپالىتى ئىشلىرىدا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشقا تۆھپە بولۇشقا كۈچ قوشىمەن».

فۇكاڭ شەھىرى سەنگۇڭخې قازاق يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى قالبىيات قۇۋار مۇنداق دېدى: «مەن 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ساداسىنى ھەر مىللەت ئاممىغا ۋاقتىدا، دەل جايىدا يەتكۈزۈپ، كۆپچىلىكنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغداپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ گۈزەل ئەتىنى ئورتاق يارىتىشقا يېتەكلەيمەن».

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خوتەن ۋىلايەتلىك 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى لوپ ناھىيەسىگە بېرىپ، ئورگان، ئورۇن، زاۋۇت ـ كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، كادىرلار، ئاممىغا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى شەرھلىدى. لوپ ناھىيەسى سانائەت باغچە رايونىنىڭ ئىشچىسى مەمەتئېزىز ئابدۇللا ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «لېكسىيەنى ئاڭلاپ ناھايىتى روھلاندىم، ئەتراپىمىزدىكى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەر ۋە بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقان تۇرمۇش مېنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىمنى ئاشۇردى، مەن چوقۇم يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىمەن».

(مۇخبىر شيا چىڭ، قاتناشقان مۇخبىر گې يۈجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار جاڭ جىڭ، لى رۇڭ، يې شياۋدۇڭ)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىلدىن بۇيان، زور مىقداردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى ۋە چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىلىرى قاچىلانغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى چېگرادىن چىقتى، قايتىدىغان نۆۋەتچى پويىزلارمۇ ياۋروپا ـ ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىلگىرى دېڭىز، ھاۋادا توشۇلىدىغان زور مىقداردىكى ئېكسپورت مال مەنبەسىنى ئۈستىگە ئالدى، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى تاشقى ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك يۈرۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تاموژنا تۆمۈريول تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ «رەقەملىك پورت» سىستېمىسىنى يولغا قويۇپ، نۆۋەتچى پويىزنىڭ پورتتا توختاش ۋاقتىنى ئەڭ قىسقا بولغاندا بەش سائەتكە قىسقارتتى.

ئالاتاۋ تاموژنىسى يەنە نۆۋەتچى پويىز يولغا چىققان جايدىكى تاموژنا بىلەن ئالاقىلىشىش، ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىپ، پورت ئەشيا ئوبوروتى مەشغۇلات ئەندىزىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تاموژنىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش مەشغۇلاتىنى ئەشيا ئوبوروتى ئايلىنىش سىستېمىسىغا ئىلمىي كىرگۈزۈپ، تاموژنىغا مەلۇم قىلىش، مال چىقىرىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى ماس قەدەمدە قانات يايدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتىگە بولغان تەسىرىنى ئازايتتى.

نۆۋەتتە، ئالاتاۋ پورتىدا چېگرادىن كىرىپ چىقىدىغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ئاساسلىقى «چۇڭچىڭ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا» «جېڭجوۋ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا» «چېڭدۇ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا» قاتارلىق 22 لىنىيەسى بار بولۇپ، گېرمانىيە، پولشا، بېلگىيە، رۇسىيە قاتارلىق 13 دۆلەتكە يېتىپ بارىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇردى، كۆپىيىش مەزگىلى ۋە سۈت بېرىش مەزگىلىدە، دېھقان ئائىلىلىرى ئېشەكنى كارخانىغا ھاۋالىلىك باشقۇرۇشقا بەرسە، ئېشەك سۈتىدىن قىلىنغان پايدا تەقسىماتىغا ئېرىشەلەيدۇ، يېڭى تۇغۇلغان تەخەيىنى نامرات ئائىلىلەر ئېلىپ كېتىپ ئۆزى باقسا بولىدۇ، ھەربىرىنى 2000 يۈەندىن 3000 يۈەنگىچە باھادا شىركەتكە سېتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىركەت بازار باھاسى بويىچە بورداق ئېشەك ۋە شاللىۋېتىلگەن مادا ئېشەكلەرنى سېتىۋالىدۇ».

بۇ ناھىيەنىڭ مۇجى بازىرى سايباغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھۆسەن مەمتىمىن ئۆزىنىڭ ئۈچ ئېشىكىنى باقمىچىلىق مەركىزىدە ھاۋالىلىك باقتۇرۇپ، ھەر ئايدا باقمىچىلىق مەركىزىدە ئىشلەپ مائاش ئالغاندىن سىرت، ھەربىر ئېشەكتىن يىلىغا يەنە پايدا تەقسىملەپ بېرىشتىن 2000 يۈەن كىرىم قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۇما ناھىيەسى «10، 100، 1000، 10 مىڭ، 100 مىليون» كەسىپ يىرىك پىلانى بويىچە، ئېشەك، غاز، قوي، توشقان، يېمەكلىك زەمبۇرۇغى قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا سىجىل تۈرتكە بولدى. نۆۋەتتە گۇما ناھىيەسى 42 مىڭ ئېشەك، 6 مىليون غاز، 9 مىليون توشقان، 180 مىڭ كۆپ تۆللەيدىغان قوي قاتارلىق يېتەكچى كەسىپلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، گۇما ناھىيەسىدىكى 31 مىڭ ئائىلىدىكى 120 مىڭغا يېقىن ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

كەسىپ زەنجىرىنى يۇقىرى ـ تۆۋەن تۇتاشتۇرۇش

بۇ ناھىيەنىڭ كىلياڭ يېزىسىدىكى بېدە تېرىش بازىسىدا سۆسۈن رەڭدە چېچەكلىگەن بېدە شۇ جايدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ باقمىچىلىقتىكى «يۆلەنچۈكى». بۇ يىل شۇ جاينىڭ يەم ـ خەشەك تېرىلغۇ كۆلىمى 4500 مودىن كۆپرەككە كېڭەيتىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۇما ناھىيەسى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان باقمىچىلىق كەسپىنىڭ يەم ـ خەشەككە بولغان ئېھتىياجى يەنىمۇ ئاشتى. گۇما ناھىيەسى يەم ـ خەشەكنى بىر ئاساسىي كەسىپ سۈپىتىدە تۇتۇپ، بېدە، كۆممىقوناق قاتارلىق تۈرلۈك يەم ـ خەشەكتىن 160 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىدى.

لەڭگەر فېڭيۈەن يەم ـ خەشەك زاۋۇتى جياڭسۇ ئۆلكىسى فېڭشاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى چودا يېزىسى لەڭگەر كەنتىدە ھەقسىز ياردەم بېرىپ قۇرغان يەم ـ خەشەك پىششىقلاش زاۋۇتى بولۇپ، يىلىغا 10 مىڭ توننا يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىپ، لەڭگەر كەنتى ھەم ئەتراپىدىكى كەنتلەردىكى باقمىچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ يەم ـ خەشەككە بولغان ئېھتىياجىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى.

بىرلەمچى كەسىپلەر مۇكەممەللىشىش بىلەن بىللە، ئىككىلەمچى كەسىپلەرمۇ ئۈزلۈكسىز جانلاندى.

2017 ـ يىلىدىن باشلاپ، گۇما ئېشەكچىلىك كەسپى ئېشەك سۈتى پاراشوكى، ئېشەك سۈتى قاتارلىق خاس چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئېشەك سۈتى پىششىقلاش سېخى، ئىستىراھەت يېمەكلىكلىرىنى پىششىقلاش سېخى، قۇشخانا قاتارلىقلارنى قۇردى. «ئۇزارتىلغان كەسىپ زەنجىرىگە تايىنىپ، 1500 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ» دېدى كۇئېنلۇن لۈيۈەن يېمەكلىك تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ۋاڭ زېشى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۇما ناھىيەسى تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى چىقىرىپ، كەسىپ ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشچانلىقى كۈچلۈك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشچانلىقى زور، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، نامراتلارنى يۆلەش نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك تۈرلەرگە سودىگەر چاقىرىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. نۆۋەتتە، 35 كارخانىنى كىرگۈزۈپ، بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كەسىپلەرنى قاپلىغان «N + 1» پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى.

خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش سۈپەتلىك ماركا يارىتىش

گۇما ناھىيەسى سانائەت باغچە رايونىدىكى شىنجاڭ كۇئېنلۇن لۈيۈەن ئېشەك سۈتى پاراشوكى پىششىقلاش زاۋۇتىدا، ئېشەك سۈتى پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر توڭلىتىپ قۇرۇتۇش ماشىنىسى پۈتۈنلەي يېپىق مۇھىتتا ئايلىنىۋاتاتتى.

25 ياشلىق نامرات ئاھالە زۇلپىيە ئابدۇرازاق بۇلتۇر 2 ـ ئايدا بۇ كارخانىغا ئىشقا چۈشۈپ، توڭلىتىپ قۇرۇتۇش ماشىنىسى مەشغۇلات ئىشچىسى بولدى. تېخنىكىلىق خاراكتېرى كۈچلۈك بۇ ئىش ئورنىدا ئۇنىڭ ئايلىق مائاشى 6000 يۈەندىن ئېشىپ، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر ناھايىتى تېزلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

زۇلپىيەنىڭ مائاشى ئۆسكەندەك ئوخشاش، يەنە توڭلىتىپ قۇرۇتۇلغان ئېشەك سۈتى پاراشوكىنىڭ باھاسىمۇ ئۆستى. بىر قۇتىسى 300 گىرام كېلىدىغان توڭلىتىپ قۇرۇتۇلغان ئېشەك سۈتى پاراشوكىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسى 1200 يۈەندىن ئاشىدۇ. شىركەتنىڭ ساپ ئېشەك سۈتى، ئېشەك قېتىقى قاتارلىق سۈت مەھسۇلاتلىرى بىر قەدەر يۇقىرى ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە مەھسۇلاتنىڭ قىس بولۇشىغا تايىنىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمنى ئىشقا ئاشۇردى.

«ياخشى مەھسۇلاتنى جەزمەن ياخشى باھادا ساتقاندىلا، ئاندىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى ياخشى باھادا سېتىش ئۈچۈن، جەزمەن مەھسۇلاتنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك» دېدى شىنجاڭ كۇئېنلۇن لۈيۈەن يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى دۇ جۈن.

ئۇزاقتىن بۇيان، گۇما ناھىيەسى ئېشەك سۈتى، ئىنچىكە پىششىقلانغان ئېشەك تېرىسى قاتارلىقلارنى توردا ۋە تور سىرتىدا سېتىش يوللىرىنى ئېچىشقا كۈچەپ، نۇرغۇن كارخانا بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ئورناتتى، ئالاقىدار ئىنچىكە پىششىقلانغان مەھسۇلاتلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا بازىرى ئىتتىك بولدى، مەھسۇلاتلارنىڭ قوشۇلما قىممىتى ۋە تونۇلۇش دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى.

بىر سۈپەتلىك ماركا يارىتىش، بىر جاينىڭ كەسپىگە تۈرتكە بولۇش، شۇ جايدىكى پۇقرالارنى بېيىتىش، كەسىپ زەنجىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە سۈپەتلىك ماركىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گۇما ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىغا پۇختا ئاساس سالدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىش باشلانغان تۈرلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىگە پۇختا، ئەتراپلىق تۈرتكە بولدى. ھەر دەرىجىلىك قاتناش ـ ترانسپورت تارماقلىرى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىپ، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا تاشيولى تور قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق تېزلىتىپ، ئىمكانقەدەر كۆپرەك ئەمەلىي قۇرۇلۇش مىقدارىنى تاماملايدۇ؛ ھەم ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يېزا تاشيول سىياسىتى تەتقىقاتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹14 ـ بەش يىل›لىق يېزا تاشيولى تەرەققىيات يىرىك پىلانى»نى تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يىرىك پىلان ئارقىلىق يېتەكلەپ، «تۆتتە ياخشى يېزا يولى»نىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا تاشيولى ئومۇمىي مۇساپىسى 133 مىڭ 100 كىلومېتىرغا (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يېتىپ، «12 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىغا سېلىشتۇرغاندا 16 مىڭ كىلومېتىر ئېشىپ، ھەممە يېزا ـ بازار ۋە شارائىتى ھازىرلانغان ئىشتاتلىق كەنتتە قاتتىقلاشتۇرۇلغان يولنى 100% تۇتاشتۇرۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يېزا رايونلىرىنىڭ قاتناش مۇھىتى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق قوبۇل قىلىش، داۋالاشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق داۋالاش» پرىنسىپى بويىچە، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى بىرىنچى ۋاقىتتا بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسىغا قوبۇل قىلىپ، تېببىي تەلەپ بويىچە ئايرىپ كۆزەتكەن، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرىنى بىرىنچى ۋاقىتتا قۇتقۇزغان، داۋالىغان.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گۇ يىڭسۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، «بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش» ۋە «ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈش» پرىنسىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابى بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسىنى جىددىي قوزغىتىپ، ئاغرىقلار رايونلىرىدا دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش، داۋالاش ئەترەتلىرىنى توپلاش، داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنى تەييارلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تېز سۈرئەتتە تاماملاپ، ئەمەلىي جەڭ ئىقتىدارىغا ئىگە، تەجرىبىسى مول نەپەس يولى، يۇقۇملۇق كېسەللەر، ئېغىر كېسەللەر مېدىتسىناسى قاتارلىق ئالاقىدار كەسپىي تېببىي خادىملارنى تەشكىللەپ داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ئەترىتى قۇرغان.

دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى بىرىنچى ۋاقىتتا دۇڭخەن داشۆ قارىمىقىدىكى جۇڭدا دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى چيۇ خەيبو، جۇڭشەن داشۆ قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا ئېغىر كېسەللەر تېببىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى گۈەن شياڭدۇڭ، بېيجىڭ شيەخې دوختۇرخانىسى ئېغىر كېسەللەر تېببىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جياڭ لى، سۇبېي خەلق دوختۇرخانىسى ئېغىر كېسەللەر تېببىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جېڭ رۈيچياڭ ھەممە يۇقۇم، تەكشۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، تەجرىبىسى مول مۇتەخەسسىسلەرنى شىنجاڭغا كېلىپ داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. ئاپتونوم رايونىمۇ نەپەس يولى، ئېغىر كېسەللەر، يۇقۇم قاتارلىق كەسىپلەردىكى مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەرنى يۆتكەپ سەپلەپ، دۆلەت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرلەشمە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا مۇتەخەسسىسلەر كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئاغرىقلارغا بىرلىشىپ كوللېكتىپ دىياگنوز قويىدى، بىرمۇبىر تەھلىل قىلدى، بىرمۇبىر ھۆكۈم قىلدى. ئاغرىقلار دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ھەر كۈنى بارلىق ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا ھۆكۈم قىلىپ ۋە كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن يېنىك تىپتىكى، ئادەتتىكى تىپتىكىلەرنىڭ ئېغىر تىپقا ۋە خەتەرلىك ئېغىر تىپقا ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

گۇ يىڭسۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىلدىن بۇيان، مەۋقەنى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە قويۇپ، ئاپتونوم رايون يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئاغرىقلار رايونىنى كۆپەيتىپ، كارىۋاتلارنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتىپ سەپلەپ، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ھەر ۋاقىت، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. نۆۋەتتە، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە داۋالاش دورىلىرى، مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرى تەييارلىقى تولۇق بولۇپ، بۇ قېتىمقى كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى يۇقۇم ئەھۋالى بويىچە داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

«بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا قوبۇل قىلىنىپ داۋالانغان ئاغرىقلار دەسلەپكى مەزگىلدە ئاساسلىقى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار بولۇپ، قوبۇل قىلىنىپ داۋالانغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار ئىچىدە، نۆۋەتتە 22 ئاغرىق مىسالى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بويىچە ئادەتتىكى تىپتىكى ئاغرىققا ئۆزگەردى. بىز دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى ئېلان قىلغان 8 ـ نۇسخىدىكى ‹يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى›گە ئاساسەن، جۇڭگو تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ‹بىر ئادەمگە بىر تەدبىر› قوللىنىش، كۆپ پەنلەر ھەمكارلىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئېلىپ باردۇق.» گۇ يىڭسۇ مۇنداق دېدى: ئادەتتىكى تىپتىكى ئاغرىقلارغا قارىتا، ئاغرىقلاردىن كارىۋاتتا يېتىپ ئارام ئېلىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىللە، قۇۋۋەتلەندۈرۈپ داۋالاشنى كۈچەيتىپ، ئاغرىقلارنىڭ ھاياتلىق ئالامەتلىرى ۋە كۆكرەك قىسمىدىكى تەسۋىرلىك ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار زىچ كۆزىتىلىدۇ. ھەر بىر ئاغرىق مىسالىنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئەگەشمە كېسەللىكنىڭ ئاكتىپ ئالدى ئېلىنىدۇ ۋە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئاساسىي كېسەللىككە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئىككىلەمچى يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پىسخىكىلىق ئارىلىشىش ۋاقتىدا قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاغرىقلارنىڭ جىسمانىي ۋە پىسخىكا جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)